# مەشھۇر جۇڭگوشۇناس بىچۇرىننىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى

ئۇيغۇر سايرانى ھەبىبۇللا خوجا

ن. بىچۇرىن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن رۇسىيىلىك مەشھۇر جۇڭگوشۇناس- شەرقشۇناستۇر. بىچۇرىن جۇڭگودا 14 يىل تۇرغان، بۇ جەرياندا، جۇڭگونىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ئۈستىدە، خەنزۇ تىلى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. جۇڭگودىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدىمۇ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بىچۇرىننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار توپلىمى» دېگەن ئەسىرىدە قەدىمكى ھۇنلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، جۇجانلار ۋە باشقا قەدىمكى خەلقلەر توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بىچۇرىن جۇڭگونىڭ «24 تارىخى» دىن تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىمۇ مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىدە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن. بىچۇرىن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ، «تاڭنامە»، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى» دىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللارنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەرلەر رۇس تىلىدىن فرانسۇز، نېمىس ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بىچۇرىن 1777 - يىلى 29 - ئاۋغۇستتا قازان ئۆلكىسىنىڭ چىباكسار ناھىيىسىدىكى بىچۇرىن يېزىسىدا بىر كەمبەغەل دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى شۇ يېزىدىكى چىركاۋنىڭ مايزىنى بولغان. باشقىلار ئۇنى ياكوۋ دىياچوك (ياقۇپ مايزىن) دەپ ئاتىغان. ئۇ، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا فامىلىسىنىمۇ ئىشلەتمىگەن. بىچۇرىننىڭ كىچىك چاغدىكى ئىسمى نىكىتا ئىدى. نىكىتا سەككىز ياشقا تولغاندا سىۋىيەژىسك شەھىرىدىكى نوتا بىلەن ناخشا ئۆگىتىش مەكتىپىگە، 1785 - يىلى قازان شەھىرىدىكى دىنىي ئۆلىمالارنى تەربىيىلەش مەكتىپىگە كىرگەن ۋە ئوقۇش جەريانىدا ئۆزى تۇغۇلغان بىچۇرىن دېگەن يېزىنىڭ نامىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىۋالغان. 1799 - يىلى بىچۇرىن مەكتەپنى

ئەلا دەرىجىدە تۈگەتتىدۇ ۋە دىنىي ئۇنۋانغا ئېرىشتىدۇ. 1800 - يىلى، ئۇ ئۆزى
ئوقۇپ چىققان مەكتەپكە تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ دەرس ئۆتتىدۇ. كېيىن بۇ
مەكتەپ دىنىي ئاكادېمىيىگە ئۆزگەرتىلدۇ. 1802 - يىلى بىچۈرىن ماناخ
(راھىب) لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدۇ ۋە ئىركۇتسكى شەھىرىدىكى بىر ئىبادەت-
خانىغا ئارخىماندرىت ۋەزىپىسىگە قويۇلدۇ ۋە شۇ يەردىكى دىنىي مەكتەپنىڭ
مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. بىچۈرىننىڭ بۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن
ۋاقتى بىر يىلدىن ئاشمايدۇ. بىچۈرىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان بىلەن دىنغا
ئىشەنمەيدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا ئىبادەتخانىدىكى دىنىي تۈزۈم-
لەرگە رىئايە قىلمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، باشقا دىنىي زاتلار بىلەن توقۇنۇشۇپ
قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بىچۈرىننى توبولسك شەھىرىگە
سۈرگۈن قىلىدۇ. بىچۈرىن ئۇ يەردە تىل دەرسى ئۆتىدۇ.

شۇ چاغلاردا روسىيىدىكى خىرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك
دىنىي ئورۇنلىرى جۇڭگوغا دىنىي خىزمەت ئىشلەشكە مىسسىئونېرلار ئۆمەكلىرىنى
ئەۋەتىپ تۇراتتى. 9 - قېتىملىق مىسسىئونېرلار ئۆمىكىگە بىچۈرىن باشلىق بولۇپ
بېيجىڭغا كېلىدۇ ۋە بېيجىڭدىكى سىرېتېنسكىي چىركاۋىغا ئارخىماندرىت
قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. 1807 - يىلى 17 - سېنتەبىردە بىچۈرىن كىياختا شەھىرى-
دىن يولغا چىقىپ 1808 - يىلى 18 - يانۋاردا بېيجىڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ
بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن دىنىي ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ،
ئىلمىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىدۇ. بىچۈرىن ئادەم ھەيران قالار-
لىق تىرىشچانلىق بىلەن خەنزۇچە ئۆگىنىدۇ. ئۆگىنىش جەر-
يانىدا، ئۇ خەنزۇچە - رۇسچە لۇغەت تۈزىدۇ. بىچۈرىن چوڭ ھەجىملىك بۇ
لۇغەتنى 4 قېتىم كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. لۇغەت تۈزۈش بىچۈرىننىڭ ئۆز ئالدىغا
قويغان بىرىنچى ۋەزىپىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ قىممەتلىك تارى-
خىي كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ
روسىيىگە قايتقاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان بارلىق ئاساسىي ئەسەرلىرى مانا
شۇ يىللاردا ھازىرلانغان ۋە ئۇ ئەسەرلەرگە تېگىشلىك ماتېرىياللار توپ-
لانغان ئىدى. مانا شۇنداق ئىلمىي خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ
ئادەتتە ئۆزىگە بۇيرۇلغان دىنىي خىزمەتكە دائىر ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ
كەتمەيدى. 1821 - يىلى، بىچۈرىننىڭ ئورنىغا دىنىي خىزمەت بىلەن كەلگەن كامى-
نىسكىي دېگەن كىشى يۇقىرىغا بىچۈرىننى يامانلاپ قارا ماتېرىيال يوللىدى. بىچۈرىن
ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پېتېربۇرگ شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندە، پادىشاھ

ھۆكۈمىتى ئۇنى ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئورۇنلىمىغان دەپ ۋاك كامىسكىي دېگەن يەردىكى ماناستىرغا 4 يىللىق مۇددەت بىلەن سۈرگۈن قىلىدۇ.

بىچۇرىننىڭ بېيجىڭدا توپلىغان جەمئىي ئېغىرلىقى 400 پۇت (6400 كىلوگرام) كېلىدىغان ئەڭ قىممەتلىك كىتابلىرى 15 تۆگىگە يۈكلەندى. سۈرگۈندە بىچۇرىن مانا شۇ قىممەتلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بەنت بولدى، ئۆزى يازغان ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلىدى.

بىچۇرىننىڭ خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىشى ئۇنى سۈرگۈن ئازابىدىن قۇتقازدى. روسىيىنىڭ خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكى خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەرگە مۆھتاج بولغاچقا، 1826-يىلى پادىشاھ نىكولاي I بىچۇرىننى خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئاسىيا مەھكىمىسىگە خىزمەتكە تەيىنلىدى. بىچۇرىن بۇ خىزمەتكىمۇ ئانچە كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەي، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىلمىي خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

1828 - يىلى بىچۇرىننىڭ «موڭغۇلىيە خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابى نەشرىدىن چىقىدۇ. بىچۇرىن يەنە 1828 - 30 يىللار ئارىلىقىدا ئالتە پارچە كىتابىنى نەشىردىن چىقاردى، نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ، «شىمال ئارخىپى»، «موسكۋا تېلېگراممىسى»، «موسكۋالىقلار»، «ۋەتەن ئوغۇللىرى»، «ۋەتەن خاتىرىلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

1830 - يىلى بىچۇرىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئارقا بايقال (زابايكال) رايونىغا باردى. بۇ سەپەردە ئۇ نۇرغۇنلىغان تىبەتچە، موڭغۇلچە كىتاب-ماتېرىياللارنى، لاما دىنىنىڭ بىر يۈرۈش چوڭ - كىچىك بۇت - بۇرخانلىرىنى يىغىپ كېلىدۇ. مەزكۇر يادىكارلىقلار ھازىر مىكلوخا - ماكلاي نامىدىكى ئېتنوگرافىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇزېيىدا، كىتاب - ماتېرىياللار بولسا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئورنىدا ساقلانماقتا.

1835—1837 - يىللاردا، بىچۇرىن 2 - قېتىم كياختا شەھىرىگە كېلىپ، ئۇ يەردە خەنزۇچە مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك سۈپىتىدە «خەنزۇ تىلى گىرامماتىكىسى» نى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتاب «دىمىدوۋ مۇكاپاتى» غا سازاۋەر بولىدۇ.

1837 - يىلى بىچۇرىن كياختا شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پېتېربۇرگ شەھىرىدە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مانا شۇ چاغلاردا بىچۇرىننىڭ پوبلېستىكىلىق ئەدەبىي پائالىيىتى باشلىنىدۇ. شۇ چاغدا، ئۇ جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن چوڭراق ۋەقەلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدۇ ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ ۋەقە-

لەرگە نىسبەتەن ئۆز پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى. بىچۈرىن ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار تارىخىي شەخسلىرى، ئەدىبلىرى بىلەن، جۈملىدىن پۇشكىن بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. پۇشكىن بىچۈرىننىڭ «جۇڭغارىيە تەزكىرىسى»، «بېيجىڭ تەزكىرىسى»، «تىبەت ۋە كۆكنۇر تارىخى» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققان. بىچۈرىن، ئىلغار دوستلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىگە دىنىي مەكتەپ تۈگەتكەندە بېرىلگەن دىنىي ئۇنۋانلارنى بىكار قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىچۈرىننىڭ بۇ ئىلتىماسىغا قوشۇلىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ نىكولاي I بىچۈرىننى خەۋپلىك ئادەم دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۆمۈرۋايەت ماناخ سۈپىتىدە پېتېربۇرگتىكى چوڭ بىر ماناستىرنىڭ بىر كىشىلىك ھۇجرىسىدا تۇرۇۋېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بىچۈرىن ئۈستىدىن نازارەت قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قوللانغان چارىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ شۇ يىللاردا روسىيە بويىچە چىقىدىغان 20 دىن ئارتۇق ژۇرنالنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىلغار مەزمۇندىكى ماقالىلەرنى يېزىپ تۇراتتى، ژۇرناللارمۇ بىچۈرىننىڭ ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى ئورۇن بېرىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنى كەڭ خەلققە تونۇشتۇرۇپ تۇراتتى. بىچۈرىننىڭ مانا مۇشۇ ھەرىكىتى پادىشاھقا ياقماي قالغانىدى.

1844 - يىلدىن باشلاپ، بىچۈرىننىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشتى. ئۇنىڭ ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە ئەل ئاغىنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئازىيىشقا باشلىدى. ئۇ خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئاسىيا مەھكىمىسىدىكى خىزمىتىگىمۇ بارالمايدىغان بولۇپ قالدى. سالامەتلىكىنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتقان بىچۈرىن شەخسىي كۇتۇپخانىسىدىكى قىممەتلىك كىتابلىرىنى قازان شەھىرىدىكى بۇرۇن ئۆزى ئوقۇغان دىنىي مەكتەپكە، يەنى كېيىن دىنىي ئاكادېمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئورۇننىڭ كۇتۇپخانىسىغا سوۋغا قىلدى.

1846 - يىلى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىچۈرىنغا «مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخى» نى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئۇ بۇ ئەسەرنى 1848-يىلى يېزىپ تاماملىدى. 1851 - يىلى ئۈچ توملۇق كىتاب «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار توپلىمى» دېگەن نام بىلەن نەشىردىن چىقتى.

بىچۈرىن 1853 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 5.00 دە پېتېربۇرگ شەھىرىدىكى چوڭ ماناستىرلىق ھۇجرىسىدا ئالەمدىن ئۆتتى. 12-

كۆنى ئىبادەتخانىدا بىخەتەر دەپنە قىلىنىدۇ. قەبرە تېشىغا خەنزۇچە: «نامۇس-شەرىپىنى مەڭگۈلەشتۈرگەن تارىخىي ئەسەرلەر ئۈستىدە تىنىم تاپماي ئىشلىگەن» دېگەن خەت ئويۇلىدۇ.

1828-يىلى 17-دېكابىردا ئۇ رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزالىقىغا سايلانغان. ئالىملار ۋە بەزى ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرى بىچۇرىنغا يۇقىرى باھا بەرگەن. مەسىلەن، «ۋەتەن ئوغۇللىرى» ژۇرنىلى: «بىچۇرىن جۇڭگونى تەتقىق قىلىشتا تامامەن يېڭى يول ئېچىپ بەرگەن، پۈتكۈل ياۋروپا ئالىملىرىغا مەشھۇر، ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر جۇڭگوشۇناس (سىنولوگ) ئىدى» دەپ يازغان. چەت ئەللەردىمۇ بىچۇرىن ئەسەرلىرىنىڭ، بىچۇرىننىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. بىچۇرىن 1831-يىلى پارىژدىكى ئاسىيانى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ سايلاندى. بىچۇرىننىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى، ئالايلۇق، 1832-يىلى «موڭغۇلىيە خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. يۇ. كلاپروت «تىبەت تەزكىرىسى» نى 1829؛ — 1830-يىللاردا فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلدى. «جۇڭغارىيە تەزكىرىسى» نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى. «بېيجىڭ تەزكىرىسى» فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بىچۇرىن ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان كىتابلارمۇ كۆپ بېسىلدى.

ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى، تەرجىمان، تىلشۇناس جورج باررو 1833—1835-يىللاردا پېتېربۇرگدا تۇرغان مەزگىللىرىدە بىچۇرىندىن خەنزۇچە ئۆگەنگەن. بىچۇرىن ياۋروپالىقلارنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىغا (ئەنگلىيىنىڭ قوزغىغان ئەپيۇن ئۇرۇشىغا) قاتتىق نەپرەتلىنىپ، جۇڭگونى قوغداپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ ياۋروپالىقلار جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلماي، «جۇڭگودىن ئۆگىنىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ جۇڭگودىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرى كۆپ» دەپ كۆرسەتكەن.

بىچۇرىن بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇ قەدىمكى تىللاردىن يۇنان، لاتىن تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى، فرانسۇز، نېمىس تىللىرىنى پۇختا بىلەتتى، 60 ياشقا كىرگەندە، موڭغۇل، تۈرك تىللىرىنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغان. لېكىن ئۇ ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى — رۇس تىلىدا يازغان. شۇ چاغلاردا بەزىلەر بىچۇرىن بىلەن دۈشمەنلىشىپ، بىچۇرىن نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى فرانسۇز ياكى ئىنگلىز تىلىدا يازمايدۇ، دەپ ئەيىبلىگەن. بىچۇرىن بۇلارغا پىسەنت قىلمىغان. ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەي، قارىغۇلارچە «چەت ئەل مەدەنىيىتى» گە، يوقىلاڭ

(داۋامى 7-بەتتە)